

شۈي جوگيۇ

# ”ياۋاش“لاردىن بولۇپ قالما

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

شۆي جوڭيۇ

# ”ياۋاش“لاردىن بولۇپ قالما



مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：热孜完古力.马木提
责任校对：胡达白尔的

图书在版编目(CIP)数据

做人不要太"老实"/水中鱼著；色伊提译.北京：民族出版社，2006.3
ISBN 7-105-07586-4

Ⅰ.做... Ⅱ.①水...②色... Ⅲ.个人—修养—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B825-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第022130号

出版发行：民族出版社
网　　址：http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006年3月第1版　2006年3月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：6.375
印　　数：0001-3000册
定　　价：10.50元

# خەنزۇچە نەشرىگە كىرىش سۆز

”ياۋاش“ لىق ئەسلىدە بىر تۈرلۈك ئىسىل پەزىلەت سۈپىتىدە تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھازىر ”ياۋاش“ دېگەن بۇ ئاتالغۇ ”ئاجىزلىق“، ”مۇتەئەسسىپلىك“، ”قاتماللىق“ ۋە ”تۇرغۇنلۇق“ قاتارلىق سەلبىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئالمىشىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ”ياۋاش“لار ــ بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئاددىي ئادەملەردۇر. ئۇلار باشقىلار بىلەن يۈز تېيىشىپ، ئۇلارغا ئورا كولايدىغان يامان ئادەملەردىن ئەمەس. ”ئالىيجاناب“ دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان سەرخىللاردىنمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئىنتايىن ئاددىي ياشايدىغان، شۇنداقلا ئېغىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە كۈن ئالىدىغان بىر توپ كىشىلەر. ئۇلار ئۆزىگە تەئەللۇق مەنپەئەتنى تالىشىپ ئېلىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلا زىيان تارتىدۇ؛ ”ياۋاش“لار رىقابەتلىشىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن نەگىلا بارسا مىخقا ئۇسسۇپ سالىدۇ؛ تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى قاتماللىق ۋە جان ساقلاش ۋاستىلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋەجىدىن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ رىقابەتلىك جەمئىيەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىدىن ئاسانلا مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا ”ياۋاش“لارنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشلىق ھالىتى، بىزگە بۇ دۇنيادا پەقەت جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ، ئۇستىلىق بىلەن ياشىغان ئادەملا كۈن ئالالايدۇ، ”ياۋاش“لىق قىلغانلار ھالاك بولىدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ھەم ”ياۋاش“لارنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي ”ياۋاش“لىقنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇش كېرەك، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. چۈنكى ”ياۋاش“لار ساداقەتمەن، ئىشەنچلىك ھەم ئىجتىھاتچان، ئەستايىدىل كېلىدۇ. ”ياۋاش“لاردىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر نۆۋەتتىكى جەمئىيىتىمىز تەقەززا بولۇۋاتقان پەزىلەت شۇنداقلا باشقا ھەرقانداق ئەقىل- پاراسەت ئورنىنى باسالمايدىغان تۇغما بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

كىتابنىڭ نامى گەرچە «"ياۋاش"لاردىن بولۇپ قالما» دەپ قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئوقۇرمەنلەرگە قۇۋلۇق- شۇملۇقنى ئۆگىتىدىغان كىتاب ئەمەس. كىتابتا "ياۋاش"لارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ ، ئۇلاردىكى ئاجىزلىقلار ئىدىيە- قاراش، ھەرىكەت ۋە رېئال ھالەت قاتارلىق نۇقتىلاردىن چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، "ياۋاش"لارغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا "ياۋاش"لار ئۆزىدىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىپ، ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەقىل- پاراسىتىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ياشاش ماھارىتىنى يەنىمۇ ئاۋلاش يولى بىلەن تۇرمۇشىنى كۈندىن كۈنگە بەختلىك ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

مۇئەللىپ مەزكۇر كىتابنى ئوقۇپ باققان ھەرقانداق ئوقۇرمەندىن "ياۋاش"لار تويىدىن بۆسۈپ چىقىپ، كەسكىن رىقابەتلىك بۇ جەمئىيەتتە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرۇشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە

**خەنزۇچە نەشرىگە كىرىش سۆز .............................. 1**

**ياۋاشلارنىڭ ھالىتى .............................. 1**

ياۋاشلار نامرات كېلىدۇ .............................. 1

ياۋاشلار بوزەك كېلىدۇ .............................. 3

ياۋاشلار قەدىرسىز كېلىدۇ .............................. 4

ياۋاشلار ئاجىز كېلىدۇ .............................. 5

ياۋاشلارنىڭ دوستى ئاز بولىدۇ .............................. 7

ياۋاشلار غېرىب كېلىدۇ .............................. 9

ياۋاشلار خاپىغان كېلىدۇ .............................. 12

ياۋاشلارنى باشقىلار خاتا چۈشىنىدۇ .............................. 14

**ياۋاشلارنىڭ كۆز قارىشى .............................. 17**

ياۋاشلار تەسەللىيچان كېلىدۇ .............................. 17

ياۋاشلاردا ئىلگىرىلەش روھى كەمچىل بولىدۇ .............................. 18

ياۋاشلار باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى دەستۇر بىلىدۇ ... 20

ياۋاشلار پەقەت ئۇتتۇرۇپ قويماسلىقنىلا ئويلايدۇ .............................. 24

ياۋاشلارنى مەغلۇپ قىلىدىغان 15 خىل خاراكتېر .............................. 26

ياۋاشلار ئىرادىسىز كېلىدۇ .............................. 31

ياۋاشلار بەك ساددا بولىدۇ .............................. 33

ياۋاشلار قاتمال كېلىدۇ .............................. 35

ياۋاشلار زېرەكلىكنى چەكتىن ئاشۇرىۋېتىدۇ .............................. 36

ياۋاشلار ئۆز- ئۆزىدىن گۇمانلىنىدۇ ........................ 39
ياۋاشلار قاتمال پۇل ئېڭىغا يېپىشۋالىدۇ ........................ 42
ياۋاشلار پۇل تېپىشتا پاراسەتسىزلىك قىلىدۇ ........................ 45
ياۋاشلار مەنپەئەت جەھەتتىكى خاتا ئاڭنىڭ ھاكىملىقىدا ياشايدۇ ... 50
ياۋاشلار بەك يۈز ئايايدۇ ........................ 52
ياۋاشلار جاھىل كېلىدۇ ........................ 53
ياۋاشلاردا بېيىش جاسارىتى بولمايدۇ ........................ 54
ياۋاشلارنىڭ كاللىسىدا بېيىش تەييارلىقى بولمايدۇ ........................ 56
ياۋاشلار كاج كېلىدۇ ........................ 60
ياۋاشلار تۇغما چۈشكۈن كېلىدۇ ........................ 62
ياۋاشلاردا مۇستەقىل پىكىر كەمچىل بولىدۇ ........................ 63
ياۋاشلار پۇرسەتنى كۆرمەيدۇ ........................ 66
ياۋاشلار ھەددىدىن زىيادە تۈز كېلىدۇ ........................ 68
ياۋاشلار يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلمايدۇ ........................ 69
ياۋاشلاردىكى يەتتە خىل پىسخىك ئامىل ........................ 70
ياۋاشلار ھەرقانداق ئىشتا بەك زىغىرلاپ كېتىدۇ ........................ 74
ياۋاشلار ئىززەت- ئابرۇيغا بەك ئېسىلىۋالىدۇ ........................ 75
ياۋاشلار باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشنى ئۇقمايدۇ ........................ 78
ياۋاشلار ھازىرلىمىسا بولمايدىغان مۇۋەپپەقىيەت شەرتلىرى ........................ 80
ياۋاشلار مۇۋەپپەقىيەتنى بەك سىرلىق بىلىدۇ ........................ 83

**ياۋاشلارنىڭ ھەرىكىتى ........................ 86**
ياۋاشلار ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ ........................ 86
ياۋاشلار ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئۇقمايدۇ ........................ 88
ياۋاشلار ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك ........................ 92
ياۋاشلار باشقىلارغا يېلىنىشنى بىلمەيدۇ ........................ 94

ياۋاشلار ياردەم تەلەپ قىلىشتىن قورقىدۇ ............ 98
ياۋاشلاردا تۇرمۇش ھېرىسمەنلىكى كەمچىل بولىدۇ.......... 101
ياۋاشلار ئۆزىنى پەردازلاشنى بىلمەيدۇ............ 102
ياۋاشلار ئۆزىنى قوغداشنى ئۇقمايدۇ............... 104
ياۋاشلاردا ھەرىكەت كەمچىل بولىدۇ................. 106
ياۋاشلار مەنپەئەت جەھەتتە قانائەتچان كېلىدۇ........... 108
خاراكتېرنىڭ ئۆزى تەقدىر دېمەكتۇر.................. 110
ياۋاشلار مەنپەئەتتىن ئېغىز ئېچىشنى خالىمايدۇ........... 112
ياۋاشلار ئىنچىكە ھېسابات قىلىشنى ئۇقمايدۇ............. 114
ياۋاشلار پرىنسىپاللىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ ............. 116
ياۋاشلار سورۇنغا باقماي گەپ قىلىدۇ ................. 120
ياۋاشلار مەنپەئەت تالىشىشنى بىلمەيدۇ................. 121
پرىنسىپال قائىدىلەردە پۇختا، ئەمەلىي ئىشلاردا ئىنچىكە بول...... 127
ياۋاشلار ئۆزگىرىشنى خالىمايدۇ.......................... 129
ياۋاشلار باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقىشنى ئۇقمايدۇ......... 131
ياۋاشلار باشقىلارغا رىئاللىق نۇقتىسىدىن قارىمايدۇ.............. 133
ياۋاشلار ئىنسان تەبىئىتىنى چۈشەنمەيدۇ .................. 135
ياۋاشلار تەكەللۇپقا خام كېلىدۇ......................... 137
ياۋاشلار ھەسرەتتىلا ئۆتىدۇ........................... 143
ياۋاشلار ھادىسىلەرگە ئالدىنىپلا يۈرىدۇ.................... 145
ياۋاشلاردا ئۇستىلىق كەمچىل بولىدۇ...................... 147
ياۋاشلار ھەممىنى بىر يولىلا دوغا تىكىدۇ .................. 151
ئادىمىلىكتىكى ماھارەت ئىش بېجىرىشتىكى ماھارەتتىن كېلىدۇ... 154

**ياۋاشلارنىڭ چىقىش يولى** .............................. 157
ھازىرقى ھالىتىگە شۈكرى قىلماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىش ............ 157

ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىش ........... 160
كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىۋېلىش ........... 163
كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ تويۇق رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىش....... 167
پۇل تېپىشقا جۈرئەت قىلىش........................ 169
تەشۋىشنى تۈگىتىش ........................ 171
خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش............ 174
تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى بىلەن تەقدىرنى ئۆزگەرتىش.......... 177
ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش .................. 182
ئۆزىنى تونۇش.............................. 184
ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش........................ 188
دادىللىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىش .................. 190
سەمىمىيلىكنىڭ ئۆزى ئارتۇقچىلىقتۇر................ 191
بەخت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ...................... 194

# ياۋاشلارنىڭ ھالىتى

## ياۋاشلار نامرات كېلىدۇ

بىر پەرىشتە بېلىق مۇئەككىلىدىن ئاغرىنىپ مۇنداق دەپتۇ: — سەن بايلارغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ نامراتلارغا سەل قارايسەن؛ پۇل تېپىپ بېيىشنىڭ ئامەت - تەلەيلىرىنى پەقەت بايلارغىلا بېرىپ، نامراتلارغا كۆز قىرىڭنى سېلىپ قويمايسەن. شۇڭا ھازىر بېيىغانلار بېيىپ تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتىدۇ؛ بىراق نامراتلار كۈندىن كۈنگە قاق سەنەم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇنى مەندىن كۆرسەڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ بايلىق مۇئەككىلى ، — بۇنىڭ ئۆزى تەقدىر. بەزىلەرنىڭ ئەسلىدىنلا پېشانىسى شور كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بايلىقنى قوش قوللاپ سۇنساممۇ ئالمايدۇ.

بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىگەن پەرىشتە شۇنداق دەپتۇ: — ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ناۋادا سەن بىر نامراتقا بىر يامبۇ بېرىپ باققىنا! ئۇنىڭ ئالمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي!

ئۇلار شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا قارشى تەرەپتىن ئىككى نامرات كىشى چىقىپ كەپتۇ. بايلىق مۇئەككىلى ئىككى يامبۇنى ئۇلار ئۆتىدىغان كىچىك كۆۋرۈككە قويۇپ قويۇپتۇ. ھېلىقى ئىككى نامرات كۆۋرۈك بېشىغا يېقىنلاشقاندا بىرى يەنە بىرىگە دەپتۇ: — ئىشىنەمسەن ؟ بۇ كۆۋرۈك شۇنداق تار. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيمەن . يەنە بىرىمۇ شۇنداق

دەپتۇ: — سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆتەلىگەن كۆۋرۈكتىن مەنمۇ قارىماي ئۆتەلەيمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىلەن كۆۋرۈكتىن كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆتۈشكە بەسلىشىپتۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا كۆزىنى ئېچىپ قاراشقا بولمايدىكەن. كىمكى، كۆزىنى ئېچىپ سالسا يېڭىلگەن بولىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ياۋاشلاردىن بولغاچقا، ھېچقايسىسى كۆزىنى ئاچماپتۇ. ئۇلار مېڭىپ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ھېلىقى يامبۇنىڭ بىرى نامراتنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپتىكەن ئۇ، — تاشنى كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويغان كىمدۇر، — دەپتۇ-دە يامبۇنى تېپىۋېتىپتۇ. بايلىق مۇئەككىلى يەنە بىر يامبۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىغىراق سۇرۇپ قويۇپتۇ. بىراق، نامراتلارنىڭ يەنە بىرى يامبۇغا دەسسەپتۇ-دە، — ھەي، مەنمۇ تاشقا دەسسىۋالدىم، — دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پەرىشتە بايلىق مۇئەككىلىنىڭ بايىقى گەپلىرىگە ئىشىنىپتۇ.

ياۋاشلار، يامبۇ پۇتىغا پۇتلىشىپ تۇرغان چاغدىمۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراپ باقمايدىغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ باي بولالىسۇن ؟ ناۋادا باشقا ئادەم بولغان بولسا، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ باققان بولار ئىدى. ھەتتا ھىيلە-مىكىر دېگەندىن قىلچە خەۋىرى يوق ساددا ئادەملەرمۇ تاشقا پۇتلىشىپ كەتسە، ئىختىيارسىزلا كۆزىنى ئېچىپ قاراپ باقىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆزىنى ئېچىپ قاراپ باققانىڭ نېمە زىيىنى؟ پەقەت لەۋزى قىلىشقان بىرەر قېتىملىق ئەھمىيەتسىز سىناقتا يېڭىلىپ قالغانغا نېمە بولىدۇ؟ ئىككى نامرات كۆۋرۈكتىن لەۋزى قىلىشقىنى بويىچە كۆزىنى ئاچماي ئۆتتى. دۇرۇس، ئۇلارنىڭ مەردلىك بىلەن گېپىدە تۇرۇش روھىنى تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بېيىش پۇرسىتىنى قاراپ تۇرۇپ قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا نېمە دېيىش كېرەك؟ رېئال تۇرمۇشتا ئۇنداق ياخشى پۇرسەت كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق مەنپەئەت رىقابەتلەشكەندىلا ئاندىن ئۇتقىلى بولىدىغان ئادىل بازاردا ئاشكارا تۇرىدۇ. ياۋاشلار ئەنە ئاشۇنداق قاتمال تۇرسا، ئۇلار ئۇنداق مەنپەئەتكە قانداقمۇ ئېرىشەلىسۇن ؟ ياۋاشلاردىكى نامراتلىقنىڭ سەۋەبى دەل شۇنىڭدىندۇر.



试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

# ياۋاشلار بوزەك كېلىدۇ

ياۋاشلار ئادەتتە توختۇ يۈرەك، قانائەتچان بولغاچقا ھەممە ئىشتا قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ: باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايدۇ. ھەتتا باشقىلار ئۇنىڭ چىشىغا تەگسىمۇ، ئۇ قارشى تەرەپتىن ئەنت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىشنىمۇ ئۇقمايدۇ. باشقىلاردىن كۆرگەن تېرىقچىلىك ھىممەتنى ئەبەدىي ئېسىدە تۇتۇپ، بىر ئامالنى قىلىپ ئاشۇ ھىممەتكە جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئىدارە- ئورگانلاردىكى ئۇنداق ئادەملەر ئادەتتە بوزەك ئوبىيېكتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى باشقىلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئېغىر ئىشلار ئاشۇنداق ياۋاشلارغا يۈكلىنىدۇ- يۇ، لېكىن ئاز- تولا نەپ تېگىدىغان ئىشلاردا ئۇنداقلار ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇ. بۇنىڭ زاكونى ئىنتايىن ئاددىي: باشلىقنىڭ بىرەر ئىشنى ساڭا بېرىش ياكى بەرمەسلىكى پەقەت خىزمەت ئېھتىياجى ۋەجىدىنلا بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا زەررىچە شەخسىي غەرەز ئارىلاشمايدۇ. قىسقىسى، ئۇنداق ئادەملەر باشقا جايلارغا بارسىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە قالىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتتە يامان ئادەملەر، رەزىل ئادەملەر ۋە يامان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدىغان، لېكىن مەخسۇس ياۋاشلارنىلا بوزەك ئېتىشكە ماھىر ئادەملەر سامانىدەك. ئۇنداقلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ. لېكىن ياۋاشلارنى بوزەك ئېتىشتە ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. قارىغاندا، "ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار" دېگەننى راست ئوخشايدۇ. چۈنكى "ياۋاش ئاتقا ئارام يوق". ئىلگىرى شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئېھتىمال كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

# ياۋاشلار قەدىرسىز كېلىدۇ

ياۋاشلارنىڭ تەسىر كۈچى بولمىغاچقا، كوللېكتىپ ئىچىدە قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاشۇ كوللېكتىپ ئىچىدىن ئۆزۈپ چىقىپ، رەھبەر بولالىشى بەسىي مۈشكۈل. ياۋاشلارنىڭ بۇ خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتى ئۇلاردىكى بىر قىسىم نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچىدىن، ياۋاشلار ئۆزىنى كۆرسىتىشنى بىلمىگەچكە، ئۇلاردىكى ئۈستۈنلۈك ۋە ئىقتىدارنى باشقىلار ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ ـ دە، كىشىلەر ئۇلارنى ئادەتتىكى ئەرزىمەس كىشىلەر دەپ قاراپ ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ياۋاشلاردا ئەمەلىي كۈچ يېتەرسىز بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلار بىلەن تالىشىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىدە بەزىبىر مۇستەقىل قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن باشقىلار ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەمەلىي كۈچى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. بۇ، كىشىلىك ئالاقىدىكى ئەڭ تۈپكى قانۇنىيەتتۇر. ئۈچىنچىدىن، ياۋاشلار بەلگىلىك ماھارەت ۋە ئۈستىلىقتا خام بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا پرىنسىپتا ئۆلۈك ھالدا چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئارىسىدا ئىناۋەت تىكلىشىگە كاشىلا قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ياۋاشلار ھېچقانداق بىر نەپىدارلار كوللېكتىپىغا تەۋە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈشكە قۇربى يەتمەيدۇ. باشقىلارغا نەپ بېرەلمىگەن ئادەمنىڭ مەلۇم بىر خىل مەنپەئەتنى ۋاستە قىلغان بىر پۈتۈن قۇرۇم ئىچىدە قىلچە ئېتىبارى بولمايدۇ.

ياۋاشلار مەلۇم بىر كوللېكتىپتا ئېتىبارسىز ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەنپەئەت تەقسىماتىدا ھېچقانداق پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا تەشكىل ياكى باشقىلارنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ ئولتۇرىدۇ. دۇرۇس،

مەنپەئەت، ئۇ چەكلىك نەرسە. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا، ياۋاشلار پەقەت باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدىلا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار گۆش يېسە ئۇلارغا ھەتتا سۆڭەكمۇ تەگمەيدۇ. بۇ خىل ھالقىسىمان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ياۋاشلارنىڭ ھالى كۈندىن كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىدۇ. جۈملىدىن ئەمەلىي كۈچى كۈنسايىن ئاجىزلاپ بارىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قەدىر- قىممىتىمۇ بارا- بارا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

خوش، زادى قانداق قىلغاندا ئادەمنىڭ مەلۇم بىر قورۇم ئىچىدىكى ئېتىبارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئامالى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ —— ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش. لېكىن ئەمەلىي كۈچ، باشقىلارنىڭ ھىممىتىگە تايىنىپ ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ پەقەت ھارماي- تالماي تىرىشقاندىلا ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تالاشقاندىلا ئاندىن قولغا كېلىدۇ.

ياۋاشلار ئۆزىنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدىكى قەدرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە جاھاندارچىلىق ئۇسۇلىنى ئۇزۇل- كېسىل ئۆزگەرتىشى لازىم. ياۋاشلار، شۇنى سەمىڭلارغا سالىمەنكى ، جىسمىڭلار ۋە ۋۇجۇدۇڭلاردا ئاشۇ خىل ئۆزگىرىش ھەقىقىي ئىشقا ئاشقان كۈنى، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا قەدىرسىز ياشايدىغان تەقدىرىدىن ئۇزۇل- كېسىل قۇتۇلالايسىلەر .

# ياۋاشلار ئاجىز كېلىدۇ

ياۋاشلار ھەممىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئوبيېكتى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم بىر كوللېكتىپ ياكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ھەمىشە زىيان تارتىپلا تۇرىدۇ. ياۋاشلارنىڭ ئەڭ توپىكى ئالاھىدىلىكى قورقۇنچاقلىق ۋە جۈرئەتسىزلىك بىلەنلا خاراكتېرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار زىيان- زەخمەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن ۋە مەسئۇلىيەتتىن قورقىدۇ؛ كونا پەدىنى بۇزۇپ بېقىش ۋە كۆڭلىدىكىنى بايان

قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ... ئەتىگەندىن كەچكىچە دەككە - دۈككە ۋە دىلغۇللۇق ئىچىدىلا يۈرىدۇ. ئۇلار ئورۇنلۇق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالماي، ھەققانىي مەنپەئەتىنى قوغدىيالماي ، قورقۇپ تۈگۈلۈپلا يۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئالا كۆڭۈللەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا خالىغىنىنى قىلىدۇ. نەتىجىدە ياۋاشلار ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن زىيان تارتىپ، جىسمى ۋە ۋۇجۇدى تەڭ ئازابقا قالىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدىكى باردى - كەلدى ـــ ئۆز ئارا ماسلىشىش جەريانىدۇر. مىسالەن ئالايلى: بىر توپ ساقىنى ئۆز ئارا سوقۇپ ئوينىغاندا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ساقا بەك قاتتىق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. چۈنكى قاتتىق ساقا باشقا ساقىلارنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ، ھەتتا ئۆزىمۇ پۇچۇلۇپ كېتىدۇ. ساقا بەك يۇمشاق بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى يۇمشاق ساقا ئاسانلا دەسسىلىپ ، مىجىلىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ماكانىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ياۋاشلار دەل ئاشۇ يۇمشاق ساقىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە "سۆلھى" ۋە "سەۋر - تاقەت"نى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەمىشە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۈگۈلۈپلا يۈرىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەنپەئەتىنىمۇ قوغدىيالماي ، ئىشىنىڭ ئېتىداسىدىلا مەغلۇپ بولىدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ياۋاشلاردا باشقىلار بىلەن ئېلىشىش ئىرادىسى، جاسارەت ۋە ئىشەنچ يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاخىرى ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

ياۋاشلاردىكى جۈرئەتسىزلىكنىڭ مەنبەسى دەل ئۇلاردىكى ئىدىيىۋى چۈشەكلەردە. چۈنكى ياۋاشلارنىڭ نەزىرىدە ئادەم دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرسىلا، ئىنتىلگەن نەرسىسىگە ئۆزلۈكىدىن ئېرىشەلەيدۇ؛ ئېلىشىش، تالىشىش دېگەنلەر ئادىمىي پرىنسىپقا مۇخالىپ ھەم ئەخلاقسىزلىق. شۇڭا ئۇلار شۈكرى - قانائەتنى گۈزەل ئەخلاق، ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىشىشنى رەزىللىك، يول قويۇشنى ئالىيجانابلىق، تالىشىشنى نومۇسسىزلىق دەپ قارايدۇ. بۇ، دەل ئۇلاردىكى مەنىۋىيەتنىڭ كۈرەشتىن جاسارىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ياۋاشلارنىڭ نەزىرىدە مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى — تالاشماسلىق. لېكىن بۇ پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىگە باب كېلىدىغان مەپكۇرە. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۆزلۈكىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئىتىنى تالاشىش ، ئىشنىڭ ئوڭغا تارتماقتا يوق، ئەكسىچە بولۇپ چىقاتتى. ئەمما بازار ئىگىلىكى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. تالاشمىساڭ ، دادىل قىلمىساڭ، پۇرسەت ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيادا ئەجىرسىز مەنپەئەت مەۋجۇت ئەمەس.

ياۋاشلار ئاقىۋەتكە جاۋابكار بولۇشتىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈنلا، تالىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كونا پەدىنى بۇزۇش خۇسۇسىدىكى ھەرقانداق ھەرىكەتتە بەلگىلىك خەۋپ- خەتەر بولىدىغانلىقىنى. ئۇنداقتا ھەرقانداق كۆرەشتە قان تۆكۈش ، قۇربان بېرىش بولۇپ تۇرىدۇ. ياۋاشلار دەل ئاشۇ خىل ئاقىۋەتتىن قورقۇمسىرايدىغانلىقى ئۈچۈنلا "بولدى" قىلىپ، ئاقىۋەتتە ئاشۇنداق ئاجىزلاردىن بولۇپ قالغان. ۋەھالەنكى ، ئادەم بىرەر ئىشتا ئاجىز ۋە بىقۇۋۋەتلىكىنى ئاشكارىلىغان ھامان، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك- تۈمەن ئىشلاردا ئاجىزلىشىپ بارىدىغان گەپ.

# ياۋاشلارنىڭ دوستى ئاز بولىدۇ

ئادەتتە ياۋاشلارنىڭ دوستى كۆپ بولمايدۇ. ھالقىلىق پەيتتە ياردەم قولىنى سۇنالايدىغان دوستلىرى تېخىمۇ يوق دېيەرلىك. چۈنكى ياۋاشلار شۇنچىۋالا چوڭ تۈرمۇش چەمبىرىكى ئىچىدە ياشىغىنى بىلەن، يېڭى دوست تۇتۇشقا ماھىر ئەمەس. ئۇلار بىرەرسىگە مەلۇم بىر مۇددىئا بىلەن يېقىنلىشىشنى ئۇقمايدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلىشقا ئورۇنۇپ باققان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ يۈزى قىزىرىپ، تىلى كالۋالىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىر قاراپلا سېزىۋالالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياۋاشلارنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق

ئۇسۇلىنىڭ «كارغا كەلمەيدىغان»لىقىنى ھېس قىلىدۇ. ياۋاشلار تۇرۇت، تەكەللۇپ دېگەنلەرنى ئۇقمايدۇ. تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغاچقا، قانداق ئويلىغان بولسا شۇنى ئۇدۇللا دەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تونۇش- بىلىشلىرى، ھە- ھۇ دېيىشىپ بېرەلەيدىغان يېقىن- يۇرۇقلىرى ئاز، قولىدىن كېلىدىغان ئىشمۇ ئاز بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياۋاشلار ئۆزلىرىنىڭ يارىماسلىقىدىن ھەر دائىم خورسىنىدۇ . ھەتتا باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېچىنغان ھالدا: «ھەي، بۇ ئادەم بەك ياۋاشكەن !» دېيىشىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ياۋاشلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھالقىلىق چاغلاردا ئۇلارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان بىرەرسى چىقمايدۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ پېشانىسىنىڭ شورلۇقىدىن ئەمەس، ئىقتىدارسىزلىقىدىنمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ دوست تۇتۇشنى ئۇقمايدىغانلىقى ، كارغا كېلىدىغان دوستلىرىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىدىنلا ، خالاس. ھازىرقى جەمئىيەتتە يېقىن دوست- بۇرادەرلىرى ئاز ئادەمنىڭ يولى تار بولىدۇ؛ بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھامان پۇتلىكاشاڭغا ئۇچراپلا تۇرىدۇ. دېمەك، كونىلارنىڭ «پۇلۇڭ ئونغا يەتكۈچە دوستۇڭ يۈزگە يەتسۇن» دېگىنى دەل شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بىلىم ۋە ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسى «ئادەم»نىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر كۆزىتىشتىن كېلىدۇ. جۈملىدىن، قارشى تەرەپنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئۆزگىرىشىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا دەرھال ماسلىشىش — كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى ئورنىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىدۇر. لېكىن ياۋاشلار «ئادەم»نى قانداق تونۇش مەسىلىسىگە سەگەك ۋە ئاقىلانە پوزىتسىيە تۇتمايدۇ. گەپنى قاتتىقراق ئېيتساق، ئۇلاردا بۇ ھەقتىكى ئاڭ كەمچىل بولىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ئادەم ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە بىر خىل غايىۋىلاشقان ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزى بىلەن ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر خىل قاتمال ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا ئورۇنىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئويلىغىنىدەك بولماي، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.



试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com